2021 - يىل 3 - ئاي
19
جۈمە
维吾尔文 3 月19日
25365 - سان
بۈگۈن 4 بەت

ئانار بۇلۇت تېرمىنالىنى
چۈشۈرۈپ قاچىلىۋېلىڭ

# شىنجاڭ گېزىتى

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى    مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن ئۇدا نەشر بۇيۇمى نومۇرى: CN 65-0002/-W    پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1-57    تىيانشان تورى: www.ts.cn

## بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى ئىككى ئېيىدا ئاپتونوم رايون مالىيە چىقىمىنىڭ %70تىن كۆپرەكى خەلق تۇرمۇشىغا ئىشلىتىلدى

شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە —— يېڭى دەۋر، يېڭى نەتىجە، يېڭى سەھىپە

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **مېھرىگۈل ناسىرنىڭ** ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتىدىن ئىگىلىشىچە، بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى ئىككى ئېيىدا، ئاپتونوم رايون مالىيەسى خەلق تۇرمۇشى سېلىنمىسى سالمىقىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇپ، مالىيە چىقىمىنىڭ %70تىن كۆپرەكىنى خەلق تۇرمۇشىغا ئىشلەتكەن.

بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان، ئاپتونوم رايوننىڭ مالىيە چىقىمى تېز ئاشتى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ مالىيە چىقىمى 69 مىليارد 210 مىليون يۈەن ئورۇندىلىپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن %40.6 ئېشىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ۋە خەلق ھۆكۈمىتى بېكىتكەن تۈرلۈك نۇقتىلىق ساھەلەر چىقىمىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىندى، يۇقۇمنىڭ دائىملىق ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى مۇستەھكەملەش، كېڭەيتىش نەتىجە - ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

شىنخۇا ئاگېنتلىقى چوڭ ھەجىملىك مۇلاھىزە ماقالىسى ئېلان قىلدى

# يېڭى دەۋردىكى ئۇلۇغ ئۆزگىرىش

### —— پارتىيە 18 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتقانلىقى توغرىسىدا خاتىرە

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 3 - ئاينىڭ 18 - كۈنى تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان** 3 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، شىنخۇا ئاگېنتلىقى چوڭ ھەجىملىك مۇلاھىزە ماقالىسى «يېڭى دەۋردىكى ئۇلۇغ ئۆزگىرىش —— پارتىيە 18 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتقانلىقى توغرىسىدا خاتىرە»نى ئېلان قىلىپ، ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ ئۆزگىرىشنى ئومۇميۈزلۈك خۇلاسىلىدى ۋە ئەسلەپ ئۆتتى.

2020 - يىلى 12 - ئاينىڭ 30 - كۈنى، دەل يىل ئاخىرى ۋە يىل بېشى، كونا يىلنى ئۇزىتىپ، يېڭى يىلنى كۈتىۋالىدىغان پەيت بولۇپ، جۇڭنەنخەيدە ھۆكۈمەت ئىشلىرى يەنىلا ئالدىراش ئىدى.

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن، باش شۇجى شى جىنپىڭ مەركەز ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش كومىتېتىنىڭ 17 - قېتىملىق يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئېچىپ، پات ئارىدا ھالقىپ ئۆتىدىغان 2020 - يىلدىكى مۇھىم ۋاقىت تۈگۈنىدە، ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت يەتتە يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت داۋاملاشقان بۇ مەيدان ئۇلۇغ ئۆزگىرىشنى ئومۇميۈزلۈك خۇلاسىلىدى ۋە ئەسلەپ ئۆتتى.

«بىزنىڭ يەتتە يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيانقى ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش مۇۋەپپەقىيەتلىرىمىزنىڭ ھەممىسى بۇ يەردە تۇرۇپتۇ، ۋەزنى ئېغىر!» دېدى باش شۇجى شى جىنپىڭ قولىدىكى 20 مىڭ خەتتىن ئارتۇق پارتىيە 18 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى خۇلاسىلەش، باھالاش دوكلاتىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ ھاياجانلانغان ھالدا.

قارىماققا ئادەتتىكىدەك كۆرۈنسىمۇ، ناھايىتى ئالاھىدە، ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئاساندەك بىلىنسىمۇ، ئەمما جاپالىق.

ماقالىدە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: 2013 - يىلى پارتىيە 18 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنى ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش بۇرغىسىنى چالدى. يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى يۇقىرى قاتلامدىن لايىھەلەپ ۋە ئومۇميۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، 2020 - يىلغا بارغاندا مۇھىم ساھە ۋە ئاچقۇچلۇق ھالقىلاردىكى ئىسلاھاتتا ھەل قىلغۇچ نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش نىشان - ۋەزىپىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. يەتتە يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئۆزى رەھبەرلىك قىلىشى، قوماندانلىق قىلىشى بىلەن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى مىسلىسىز ئىرادە ۋە سالماق بىلەن ئىدىيە ۋە قاراشتىكى ئاسارەتنى بۇزۇپ تاشلاپ، تۇراقلىشىپ قالغان مەنپەئەت توسۇقىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، نۇرغۇن ساھەدە تارىخىي خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش، سىستېما خاراكتېرلىك قايتا يارىتىش، ئومۇمىي گەۋدە خاراكتېرلىك قايتا بەرپا قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا تارىخىي خاراكتېرلىك ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئەينى يىلى بىرمۇبىر سۈرەتلەپ چىقىلغان ئىسلاھات ئۇلۇغۋار پىلانى زور دولقۇنغا ئايلىنىپ، مىڭلىغان پاراخوت بەس - بەستە يولغا چىقىپ، ئاسماندا ئاپئاق بۇلۇتلار لەيلەپ تۇرغان، كۆز يەتكۈسىز تاغ چوققىلىرى ۋە تاغ تىزمىلىرى گىرەلەشكەن ھەيۋەتلىك يۈكسەك رەسىمنى ھاسىل قىلدى.

ماقالىدە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: مۇشۇ يىللاردىكى ئىسلاھات خىزمىتىنى ئەسلىسەك، بىز ئوتتۇرىغا قويغان بىر قاتار يېڭىلىق يارىتىش نەزەرىيەلىرى، قوللانغان بىر قاتار مۇھىم، زور تەدبىر، ئېرىشكەن بىر قاتار مۇھىم، زور بۆسۈشلەرنىڭ ھەممىسى ئىنقىلاب خاراكتېرلىك بولدى. بۇ بىر مەيدان ئىدىيە، نەزەرىيەدىكى چوڭقۇر ئۆزگىرىش، ئىسلاھاتقا رەھبەرلىك قىلىش ۋە ئۇنى تەشكىللەش شەكلىدىكى چوڭقۇر ئۆزگىرىش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىدىكى چوڭقۇر ئۆزگىرىش، خەلق كەڭ كۆلەمدە قاتناشقان چوڭقۇر ئۆزگىرىش بولۇپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئارقىلىق پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىدا تارىخىي خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ قولغا كەلتۈرۈلۈشىگە، تارىخىي خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىگە تۈرتكە بولىدىغان يېڭى ۋەزىيەت ياراتتى.

ماقالىدە مۇنۇلار تەكىتلەندى: يېڭى مۇساپە باشلاندى، ئىسلاھات قەدىمى مەڭگۈ توختاپ قالمايدۇ. جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش ئۇلۇغۋار نىشانىنى بېكىتىپ، ئىسلاھاتنى باشلامچى قىلىپ، ئىسلاھاتتىن ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ ئېلىپ، يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىدا يېڭى ۋەزىيەت ياراتساقلا، بىز چوقۇم يېڭى دەۋردىكى ئۇلۇغ مۇساپىدە توسالغۇلارنى سۆپۈرۈپ تاشلاپ، توختىماي ئىلگىرىلىيەلەيمىز!

## چېن چۈەنگو ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى پارتىيە مەكتىپى (مەمۇرىيەت شۆيۈەنى)نىڭ ئوتتۇرا ياش، ياش كادىرلارنى تەربىيەلەش كۇرسىنىڭ ئوقۇش باشلاش مۇراسىمى ۋە ئەتىياز پەسىللىك ئوقۇش مەۋسۇمىنىڭ ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىدا مۇنداق تەكىتلىدى

# پارتىيەنىڭ شەرەپلىك ئەنئەنىسى ۋە ئېسىل ئىستىلىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى جاسارەت بىلەن ئالغا سىلجىتىش كېرەك

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرلىرى **ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىڭرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: 3 - ئاينىڭ 18 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى پارتىيە مەكتىپى (مەمۇرىيەت شۆيۈەنى) 2021 - يىللىق ئوتتۇرا ياش، ياش كادىرلارنى تەربىيەلەش كۇرسىنىڭ ئوقۇش باشلاش مۇراسىمى ۋە ئەتىياز پەسىللىك ئوقۇش مەۋسۇمىنىڭ ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىنى ئۆتكۈزدى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى. ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئوتتۇرا ياش، ياش كادىرلارنى تەربىيەلەش كۇرسىنىڭ ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيەنىڭ شەرەپلىك ئەنئەنىسى ۋە ئېسىل ئىستىلىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، جاسارەت بىلەن نەتىجە يارىتىدىغان ئالغا ئىلگىرىلەش روھىنى باشتىن - ئاخىر ساقلاپ، شىنجاڭنى قىزغىن سۆيۈپ، شىنجاڭدا يىلتىز تارتىپ، شىنجاڭغا ئۆزىنى بېغىشلاپ، شىنجاڭغا تۆھپە قوشۇپ، تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭنى ياخشى قۇرۇپ چىقىپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلەش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى لى يىفېي رىياسەتچىلىك قىلدى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ياڭ يۇڭ قاتناشتى.

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئوتتۇرا ياش، ياش كادىرلارنى تەربىيەلەش كۇرسىنىڭ ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىدا قىلغان مۇھىم سۆزى يېڭى دەۋردىكى كادىرلار، ئىختىساسلىقلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ياش كادىرلارنى يېتىشتۈرۈش - چېنىقتۇرۇشنى كۈچەيتىشنى، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنى پارتىيەنىڭ شەرەپلىك ئەنئەنىسى ۋە ئېسىل ئىستىلىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، يېڭى دەۋر، يېڭى مۇساپىدە يېڭى مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىش، يېڭى نەتىجە يارىتىشنى نامايان قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇش ۋە رىغبەتلەندۈرۈشنى ئىلمىي يېتەكچىلىك ۋە ھەرىكەت كۆرسەتمىسى بىلەن تەمىنلىدى. قەتئىي، كەسكىن تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، پارتىيەنىڭ شەرەپلىك ئەنئەنىسى ۋە ئېسىل ئىستىلىنى ئەۋج ئالدۇرۇشتا ئۈزلۈكسىز چىڭ تۇرۇپ، ئىرادە كۈچى، چىدامچانلىق كۈچى، ئۆزىنى كونترول قىلىش كۈچىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئالغا سىلجىتىش ئاساسىي جەڭ مەيدانىدا ئاتاكىدا ئالدىغا ئۆتۈپ، سادىقلىق بىلەن ئۆزىنى بېغىشلاپ، پائال تۈردە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنىڭ شىنجاڭ سەھىپىسىنى ياخشى يېزىش ئۈچۈن كۈچ قوشۇش كېرەك.

بىرىنچىدىن، پارتىيەگە مۇتلەق سادىق بولۇپ، ھەقىقىي تۈردە «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىش، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىش، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. باشتىن - ئاخىر ئىدىيەدە، سىياسىيدا، ھەرىكەتتە يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك بىردەكلىكنى ساقلاپ، ئۈزلۈكسىز تۈردە ئېتىقاد ئاساسىنى مۇستەھكەملەپ، مەنىۋى كالتسىينى يېتەرلىك تولۇقلاپ، ئىدىيە رولىنى چىڭ تۇتۇپ، سىياسىي ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى، سىياسىي چۈشىنىش ئىقتىدارى،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنەيلى، ئىزچىللاشتۇرايلى
تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقايلى



3 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، خىزمەتچى خادىملار ئۈرۈمچى يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسپلەر تەرەققىيات رايونى(يېڭىشەھەر رايونى)نىڭ شىمالىي رايون سانائەت باغچىسىدىكى شىنجاڭ لەيۋو پەن - تېخنىكا پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ كۆپ ئىقتىدارلىق يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان سولياۋ يوپۇق ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسىنى چارلاپ تەكشۈرمەكتە. نۆۋەتتە، بۇ شىركەتنىڭ يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 50 مىڭ توننىغا يېتىپ، مەھسۇلاتلىرى ئاساسلىقى ياۋروپا، ئامېرىكا، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا قاتارلىق جايلارغا سېتىلماقتا. □ ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى زوۋ يى فوتوسى

يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش سەپىرى

كۆكتوقاي كادىرلار شۆيۈەنىدە:

## «قىزىل بازا» پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى تېخىمۇ جانلاندۇردى

**پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش ئىدىيەنى ئۆزلەشتۈرۈش ئەمەلىي ئىش قىلىش يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش**

□ **ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى جاڭ تىلىڭ ئىختىيارىي مۇخبىر خۇ جىنلياڭ**

«3 - نومۇرلۇق كان ياتىقىدا تۇرۇپ، خۇددى ئەينى يىللاردىكى كان ۋاگونلىرىنىڭ گۈركىرىگەن ئاۋازىنى، جانا سۆرەپ ماڭغان ئاتنىڭ كىشنەشلىرىنى ئاڭلىغاندەك، چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمگەن، ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئىشلەۋاتقان توپ - توپ كان ئىشچىلىرىنى كۆرگەندەك بولدۇق...» 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، قايناق ھېسسىياتلىق دېكلاماتسىيەگە ئەگىشىپ، «جۇمھۇرىيەت ئۇنتۇمايدۇ» ناملىق دېكلاماتسىيەلىك ئويۇن كۆكتوقاي ناھىيەسىنىڭ كۆكتوقاي بازىرىدىكى كۆكتوقاي كادىرلار شۆيۈەنى ئوقۇتۇش نۇقتىسىدا ئۆتكۈزۈلدى، ناھىيەگە بىۋاسىتە قاراشلىق تارماق(ئورۇن)لاردىن كەلگەن پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار كۆرۈپ غەيرەتكە كەلدى.

«مەنزىرىنى قايتا نامايان قىلىدىغان ئويۇن قويۇش شەكلى بىزنى خۇددى ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 50 - ، 60 - يىللىرىدىكى كۆكتوقايغا قايتىپ بارغاندەك تۇيغۇغا كەلتۈردى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

# يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنىڭ يېڭى مەنزىلگە قەدەم قويۇش

يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىپ يىلتىز تارتىشىغا تۈرتكە بولايلى

□ **ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى شى شىن**

شىنجاڭ بىلەن جىلىن جۇڭگو (چاڭبەيشەن تاغ تىزمىسى —— ئالتاي تاغ تىزمىسى) قار - مۇز ئىقتىسادى يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات سىناق رايونىنى ئورتاق قۇرۇش ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق رامكا كېلىشىمى ئىمزالىدى، شىنجاڭدىكى بازار سۇبىيېكتلىرىنىڭ ئومۇمىي مىقدارى 2 مىليوندىن ئاشتى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئايلىنىشىدا ياخشى باشلىنىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى... «14 - بەش يىل»دا ئىش باشلاندى، قەدەم ئېلىندى، شىنجاڭ مۇشۇنداق باشلىنىش نۇقتىسىدا تۇرماقتا.

3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: خەلق تۇرمۇشىغا زىچ يېقىنلىشىپ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

يېڭىسار چىلۇ توقۇمىچىلىقى:

## ئەقلىي ئىقتىدارلىق يېشىل زاۋۇت بەرپا قىلدى

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئۇن چوڭ كەسىپنىڭ مىكرو كۆرۈنۈشى ⑪

□ **ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى خەن چىنيەن، ئىختىيارىي مۇخبىر يۈ فېي**

چوڭ سېختا، 10 مىڭدىن ئارتۇق ئۇرچۇق يۇقىرى سۈرئەتتە ئايلىنىۋاتاتتى، يەتكۈزۈش، يۆگىمە رەختنى ئالماشتۇرۇش، ئۇلاش، تەكشۈرۈش... ھەرقايسى ئىش ھالقىلىرىنىڭ ھەممىسى تەرتىپلىك، ئاپتوماتىك ئېلىپ بېرىلىۋاتاتتى، رەت - رەت ئاپتوماتىك، ئەقلىي ئىقتىدارلىق ئۈسكۈنىلەر قىلچە نۇقسانسىز ھالدا ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشكەنىدى، بۇ، يېڭىسار چىلۇ توقۇمىچىلىق، كىيىم - كېچەك چەكلىك شىركىتىنىڭ كۈندىلىك ئىشلەپچىقىرىش كۆرۈنۈشى.

3 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، بۇ شىركەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش سېخىغا كىرگىنىمىزدە، ئىشچى ئايشەمخان روزىمەمەت ئادەتتىكىگە ئوخشاشلا ئايلىنىپ يۈرۈپ چارلاپ تەكشۈرۈۋاتاتتى.

«مەن يېڭى خىزمەتكە قاتناشقاندا، ھەر 10 مىڭ ئۇرچۇقتا 130 ئادەم ئىشلەيتتى، ھازىر بىزگە پەقەت 36 ئادەم بولسىلا بولىدۇ.» 32 ياشلىق ئايشەمخان پەخىرلەنگەن ھالدا مۇنداق دېدى: «يىپ ئېگىرىش ئۈسكۈنىلىرىنىڭ ئاپتوماتلىشىش ۋە ئۇچۇرلىشىش دەرىجىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، كەلگۈسىدە بىز ئىشلىتىدىغان ئىشچىلار تېخىمۇ ئازىيىدۇ».

(ئاخىرى 4 - بەتتە)